# 13183 ـ مېيتنىڭ روھى ئائىلىسىگە قايتامدۇ

## سۇئال

ئۆلگەنلەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خوشاللىقى، غەمكىنلىكى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولامدۇ ؟ مۇسۇلماننىڭ روھى دۇنيادىكى ئىشلارنى بىلىش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كېلەمدۇ؟ ئۆلگەن كىشىنىڭ روھى 40 كۈنگىچە جان ئۈزگەن جايغا كېلىدۇ دەيدىغان سۆزلەر بار بۇ راستمۇ؟ھاياتلار ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى ھىس قىلامدۇ؟ ئۇلار توغرىسىدا كۆرگەن چۈشلەرچۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ۋە باشقا بىر دۇنياغا يۆتكەلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ روھى ئائىلىسىگە قايتمايدۇ ۋە ھېچنەرسىنى تۇيمايدۇ. مېيىتنىڭ روھى 40 كۈنگىچە ئۆلگەن جايغا كېلىدۇ، دېگەن سۆزلەر خۇراپاتتۇر. ئۇنىڭ ئاساسي يوق. مېيتمۇ تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلغان. لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ھەمىشە ۋە ھەممە كىشىگە شۇنداق ئەمەس. ئۆلۈكلەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدۇ دەيدىغان سۆزلەر بار. بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ئەمما چۈشلەردىن بەزىسى ھەق بولۇپ، بەزىسى شەيتاننىڭ ئويۇنىدۇر. بەزى تىرىكلەر ياخشى چۈشلەر ئارقىلىق مېيتنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلەيدۇ. لېكىن بۇمۇ چۈش كۆرگۈچىنىڭ ۋاستىچىللىقىغا ، چۈشنى راست كۆرگەنلىكىگە ۋە تەبىر بەرگۈچىنىڭ سالاھىيتىگە باغلىق. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا جەزم قىلىشقا بولمايدۇ. بەزى تىرىكلەر ئۆلۈك تۇغقىنىنى چۈشىدە كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىدۇ، ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق بولسا راستلىقىنى بىلگىلى بولىدىغان بەزى ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇخىلدىكى ئىشلار يۈز بەرگەن. بۇلاردىن ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق كەلگىنى، راستلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغىنى ۋە يالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىغىنى بولۇپ يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈكتىن ئىبارەتتۇر.